# تۇيۇق مىڭئۆيى توغرىسىدا

توختى تۇراخۇن

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىن بىرى — تۇيۇق مىڭئۆيى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى تۇرپان ۋىلايىتى پىچان ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا تەخمىنەن 40 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا يەنى تۇيۇق يېزا مازار كەنتىنىڭ شىمالىدىكى جىلغا ئىچىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ نەق ئورنى شەرقىي مېرىدىئان «89° 32′ 40″، شىمالىي پاراللىل 42° 50′ 50″» قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 80 مېتىر بۇ مىڭئۆي «تۇيۇق» جىلغىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن تۇيۇق مىڭئۆيى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. لېكىن ئۇنىڭ قەدىمدە قانداق نام بىلەن ئاتالغانلىقى ھەققىدە مۇئەييەن يازما ئىسپات تېپىلمىدى، بىراق ئۇنىڭ تۇرپان رايونىدىكى چوڭ ھەم قەدىمىي مىڭئۆيى ئىكەنلىكى ئېنىق.

تارىخىي خاتىرىلەرگە، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارغا ۋە مىڭئۆيلەردىكى تام سۈرەتلەرگە قارىغاندا، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاساسلىقى شامان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن. بۇ دىنلارنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، مىلادى IV ئەسىردىن بۇرۇنلا تۇرپان رايونىغا بۇددا دىنى تارقالغان. ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ئىلمىي ژۇرنىلى 1985 - يىل 1 - سان 97 - بەتكە قارالسۇن) جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭقى كەتكەن بېزەكلىك مىڭئۆيى، بەش غار ئىبادەتخانىسى، چىكاڭكۆل مىڭئۆيى ئىبادەتخانىسى، تۇيۇق مىڭئۆيى بۇددا ئىبادەتخانىسى، يارغول مىڭئۆيى بۇددا ئىبادەتخانىسى، كىچىك ھاسا شەھىرى بۇددا ئىبادەتخانىسى، چىقتىم قەدىمكى شەھىرى بۇددا ئىبادەتخانىسى، مانىدىغۇر مىڭئۆيى، شېغىل تام بۇددا ئىبادەتخانىسى، سىركىپ ئېغىزىدىكى تامغىلىق تاش .... قاتارلىق ئارخېئولوگىيە ئىلمىدا قىممىتى يۇقىرى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرى بۇددىزمنىڭ تۇرپان رايونىدا ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى ماددىي پاكىت سۈپىتىدە دەلىللەيدۇ.

«تۇيۇق» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «تار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تۇيۇق مىڭئۆيى تۇيۇق جىلغىسىدىكى يارلىقنىڭ سېغىز ۋە تاش قاتلاملىرىغا قېزىلغان، بەزىلىرى كېسەك بىلەن كېمەر ئۆي شەكلىدە قوپۇرۇلغان. تۇيۇق جىلغىسى ئىچىدە شىمالدىكى تاغلىقتىن جەنۇبتىكى بوستانلىققا قاراپ ئېقىپ، تۇيۇق

كەنتىگە قۇيۇلىدىغان، سۈيى ئازراق بىر ئېقىن بولۇپ، بۇ ئېقىن تۇيۇق مىڭئۆيىنى شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىمغا ئايرىپ تۇرىدۇ. ھازىر ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان رايوندىكى جىلغىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە قەدىمكى قەبرىستانلىق بار. شەرقىي جەنۇبتىكى تاغ ئۈستىدە مىڭئۆي بىنا قىلىنغان چاغدا ياسالغان بىر تۇرنىڭ ئىزى بار. غەربىي جەنۇبتىكى قەبرىستانلىقنى بويلاپ شىمالغا ماڭغانسېرى جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تارقاق جايلاشقان غارلار ئۇچرايدۇ. غارلار جىلغىنىڭ ئەڭ شىمالغا مەركەزلىك جايلاشقان بولۇپ. ناھايىتى خەتەرلىك ھاڭ ئۈستىگە قېزىلغان. ئۇنىڭ بەزىلىرىگە چىقىش مۇمكىن ئەمەس.

تۇيۇق مىڭئۆيىدە ساقلىنىپ قالغان غار تەخمىنەن 50 تىن ئارتۇق بولۇپ، چوڭ - كىچىك بۇد تەكچىلىرى ۋە قېزىلىپ ئىچىگە سۈرەت سىزىلمىغان غارلارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 100 گە يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ھازىر تام سۈرەت بار غار جەمئىي 13 بولۇپ (شەرقىي قىسىمدا بەش غار، غەربىي قىسىمدا سەككىز غار). ئۇلار ئاساسەن ئىچكىرىكى غار ۋە تاشقىرىقى غاردىن تەركىب تاپقان. ياسىلىش شەكلى جەھەتتىن ھەر خىل بولۇپ، بەزىلىرى تاغ باغرىنى قېزىش ئارقىلىق ياسالغان بولسا. يەنە بەزىلىرى تۇرپان رايونىدا تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇش شەكلى كېمەر ئۆي شەكلىدە ياسالغان. بۇ كېمەر ئۆيلەر تاغ باغرىنى قېزىپ ياسالغان بولۇپ، غارلار ئالدى بىلەن كاكىلا لاي بىلەن ناھايىتى ئىنچىكە سۇۋالغان. ئاندىن ئاقارتىلىپ، ئۈستىگە ھەر خىل رەڭدە رەسىم سىزىلغان.

شەرقىي قىسىمدىكى تام سۈرەت بار بەش غارنىڭ بىرسى ناھايىتى ياخشى ساقلانغان بولۇپ. ئۇنىڭ كۆلىمى چوڭ، ئۇ تۆت چاسا شەكىلدە گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېگىز بىر مۇنبەر ياسالغان. تۆت تېمىنىڭ ئەگىمىسى بار، غارنىڭ تورۇسىغا نىلۇپەر گۈلى، تۆت تەرىپىگە تۆت قۇر ئەن. ھەر بىر ئەننىڭ ئوتتۇرىسىغا تىك تۇرغۇزۇلغان بۇددا سۈرەتلىرى سىزىلغان. سول، ئوڭ ۋە ئارقا تاملىرىدىكى سۈرەتلەر يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ئۈچ قەۋەتكە بۆلۈنگەن. ئوتتۇرا قەۋەتكە بۇددانىڭ يارالمىش قىسسىلىرى تەسۋىرلەنگەن سۈرەتلەر، ئۈستۈنكى قەۋەتكە مىڭ بۇددانىڭ سۈرەتلىرى سىزىلغان بولۇپ. تام سۈرەتلەرنىڭ ئۇسلۇبىدىن، پېرسوناژلارنىڭ قىياپەتلىرىدىن قارىغاندا، قويۇق يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىك بىلىنىپ تۇرىدۇ.

غەربىي قىسىمدىكى غارلار شەرقىي قىسىمدىكىگە قارىغاندا سان جەھەتتىن كۆپرەك بولۇپ. شىمالىي تەرەپكە زىچراق جايلاشقان. بۇ قىسىمدىكى تام سۈرەت بار سەككىز غاردىن ئىككىسى ناھايىتى ياخشى ساقلانغان. قالغان ئالتە غارنىڭ تام سۈرەتلىرى

تۆرلۈك سەۋەبلەر تۆپەيلىدىن تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەچكە، ئۇ سۈرەتلەردىن مۇكەممەل بىرەر مەنانى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. غارلار مەركەزلىك جايلاشقان رايوندا ئۇزۇنلۇقى 8.80 مېتر، كەڭلىكى 6.50 مېتر، ئېگىزلىكى بەش مېتر كېلىدىغان بىر غار بولۇپ، بۇ غار كېسەكتىن ياسالغان. ئوتتۇرىسىدا تۆت مېتر كەڭلىكتىكى تۆت چاسا تۈۋرۈك ئورنىدا ئىشلىتىلگەن بىر تام بار، بۇ تامنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئەينى ۋاقىتتا تۇرغۇزۇلغان ئىككى مېتر ئېگىزلىكتىكى بىر ئۆرە بۇددىنىڭ ئىزناسى ھازىرمۇ بىلىنىپ تۇرىدۇ. تۈۋرۈكنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدە ئېگىزلىكى بىر مېتر كېلىدىغان بۇد تەكچىسى ئىچىدە يۈتىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئىككى بۇددىنىڭ بېلىنىڭ تۆۋەن قىسمىنىڭ سۈرىتى ھېلىمۇ بار، ھازىرمۇ ئېنىق ساقلانغان. تۈۋرۈكنىڭ ئارقا تەرىپىگە مىڭ بۇد ۋە كۆيتۈرۈپ شەكلىدىكى ھۆر-پەرىلەرنىڭ سۈرەتلىرى سىزىلغان. غارنىڭ شىمال غەرب ۋە جەنۇب تاملىرىغا ھەم تورۇسلىرىغا قايرىلما ياقىلىق تون كىيگەن مىڭ بۇد سۈرەتلىرى ۋە ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى سىزىلغان بولۇپ، بۇلار بىزەكلىك مىڭئۆيىدىكى تام سۈرەتلەر بىلەن دەۋر ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئوخشىشىدۇ. بۇ مەركىزىي غارنىڭ ئالدىدا ناھايىتى چوڭ بىر مەيدان بولۇپ، مەيداننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا جىلغىدىن مەيدانغا چىقىش ئۈچۈن ياسالغان تەخمىنەن 50 مېتر ئېگىزلىكتىكى ئەينى چاغدا ياسالغان پەلەمپەينىڭ ئىزى بار.

مەركىزىي غارنىڭ شىمالىدا تەخمىنەن 10 مېتر كېلىدىغان جايدا تام سۈرەتلىرى ناھايىتى ياخشى ساقلانغان يەنە بىر غار بولۇپ، بۇ غار كېيىن ئۆي شەكلىدە كېسەكتىن ياسالغان بولۇپ، غارنىڭ ئۇزۇنلۇقى سەككىز مېتر، ئېگىزلىكى (ئىچىگە تۆپە تىنىپ كەتكەندىن كېيىنكى ھالىتى) ئىككى مېتر، كەڭلىكى تۆت مېتر. ئالدى شەرققە قارىتىلغان. بۇ غاردىكى تام سۈرەتلەردىن ئۇنىڭ يىل دەۋرى ئەڭ بۇرۇن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، چۈنكى بۇ غاردىكى تام سۈرەتلەرنىڭ سىزىلىشى ئاددىي، رەڭ تۈرلىرىمۇ ئاز. لېكىن كىشىنى قىزىقتۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ رەسىمدىكى ئىستىقامەت قىلىۋاتقان بۇددىستلارنىڭ تۆت پۈتلۈق ئۇزۇنچاق ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدا كالتە قونچلىق ئۆتۈك، ئۇنىڭ ئۈچچۈرىسىدە يەنە نۇرغۇن يىرتقۇچ ھايۋاناتلارنىڭ ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ يوۋاشلىنىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بۇددىستقا قاراپ تۇرغان كۆرۈنۈشلىرى، ئۆدەك، كەپتەر، مۈشۈك، ئىت، كالا قاتارلىق ھايۋاناتلارغا مىنىپ كېتىۋاتقان بۇددىستلارنىڭ سۈرەتلىرى، ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى، بۇغداي باشاقلىرى، كېۋەز غوزىلىرىنىڭ سۈرەتلىرى قاتارلىقلار بار. مانا بۇلار ئەينى چاغدىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك سانائىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتا-

يىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۇيۇق مىڭئۆيىنىڭ قېزىلغان ۋە تاشلىنىپ قالغان دەۋرى مەسىلىسىگە كەلسەك، بېيجىڭ داشۆ ئارخېئولوگىيە فاكولتېتىنىڭ پروفېسسورى يەن ۋېنرۇ ئەپەندى 1962 - يىلى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 7-8-بىرلەشمە سانىدا ئېلان قىلغان «تەڭرى تاغنىڭ جەنۇبىدا ساقلىنىپ قالغان بۇددىزم غارلىرى» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالىسىدە تۇيۇق مىڭئۆيىنىڭ قېزىلغان دەۋرىنى جىن خانلىقى دەۋرى (مىلادى 265 - يىلىدىن 420 - يىللار) گە توغرا كېلىدۇ دېگەن يەكۈننى چىقاردى. مىلادى X ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭغا ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىدى، لېكىن تۇرپان بۇددىزم ساھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ماكان بولغاچقا، ئىسلام دىنى بۇ رايوندا بىر نەچچە ئەسىرگىچە تازا ئوبدان راۋاج تاپالمىدى. ئاخىر XV ئەسىرگە كەلگەندە، تۇرپاندا 1000 يىل داۋام قىلغان بۇددا دىنى يېڭى كىرگەن ئىسلام دىنىغا مەھنە بوشاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىپ، تۇيۇق مىڭئۆيىمۇ ئەتىۋارلىنىشتىن مەھرۇم قالدى. ئۇمۇ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىغا ئوخشاش «كەلگۈن بولۇپ ئاقتۇق، كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق، بۇدخانىنى يىقتۇق، بۇد ئۈستىگە چىچتۇق» (تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم 448 - بەت) دېگەن ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. ھازىر غارلاردا ساقلىنىپ قالغان رەسىملەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى كەمتۈك، ساق دېيىلگەندەك يەنىلا «ئىسلام تەبىزلىرى» تەككەن ياكى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئويۇپ كولىغاندا قېپقالغان زېمىنلەر بار. تويۇقنىڭ سۈرەت سىزىلمىغان مەلۇم بىر غارغا «ياپونىيە داگۇاگرۇي ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 1917 - يىلى» دېگەن خەنزۇچە خەتنى جىجاپ يېزىپ قويغان بولۇپ، ئۇ ھازىرغىچە ئەينەن ساقلىنىپ قالغان. ئۇندىن باشقا بىر قانچە ئورۇندا چەت ئەللىكلەر كېسىپ ئېلىپ كەتكەن تام سۈرەتلەرنىڭ قالدۇق ئىزلىرى يوقىرىقى پىكرىمىزنىڭ گۇۋاچىسى سۈپىتىدە ساقلانماقتا.

تۇيۇق مىڭئۆيى خارابىلىرىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋە خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان بېغىشلىما - ئىزاھاتلارنىمۇ كۆزگە چېلىقتۇرغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ جايدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بىر پارچە ھۆججەت تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: «ئىبادەتخانە بۇزۇلۇپ ئېگىسىز قالغانلىقى ئۈچۈن مەنكى ئەن فامىلىلىك راھىب ۋە مەنكى تۇدۇم سەلى ئىبادەتخانىنى ئوڭلاپ قايتىدىن بىر ئىبادەتخانا ئايلاندۇردۇق» دەپ يېزىلغان («ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ئىلمىي ژۇرنىلى 1985 - يىل 1 - سان 101 - بەت).

تۈيۇق مىڭئۆيى رەسىملىرى ھەققىدە ئازادلىقتىن كېيىن يېڭى جۇڭگو ئارخېئولوگلىرىدىن بېيجىڭ داشۆ ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى يەن ۋېنرۇ تونجى بولۇپ 1962 - يىلى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىدا ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغانىدى. 1980 - يىلدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۈيۇق مىڭئۆيىدىكى غارلارنى تازىلاش ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق تام سۈرەتلەرنى سۈرەتكە ئېلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەسپىي ژۇرناللاردا تونۇشتۇردى ھەم بىر يۈرۈش قوغداش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. 1988 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى تۈيۇق مىڭئۆيىدە نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ غارلاردىكى تام سۈرەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك سۈرەتكە ئېلىش بىلەن بىللە يەنە غارلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى، شۇنداقلا مىڭئۆينى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى.